# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي
5
جۈمە
维吾尔文 3 月5日
25351 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　تىيانشان تورى: www.ts.cn


## يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتايلى

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ھەقىقەت يولى ئاددىي، ئەمەلىي ئىشلەش ھەممىدىن مۇھىم؛ ئىگىلىك تىكلەش جاپالىق بولسىمۇ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ 2021 - يىللىق ئەتىياز پەسلىلىك ئوقۇش مەۋسۇمى ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ياش كادىرلارنى پارتىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەپ، ئىرادە كۈچى، جىدامچانلىق كۈچى، ئۆزىنى كونترول قىلىش كۈچىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

## شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى

### ۋاڭ ياڭ سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى　جاڭ چىڭلى رىياسەتچىلىك قىلدى　گۇ شېڭزۇ تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** بىر نىيەتتە ئارزۇنى روياپقا چىقىرىپ گۈللىنىش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا يېپيېڭى مۇساپە باشلاندى. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. 2100دىن ئارتۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيىتىنى پۇختا، تولۇق ئادا قىلىپ، پائال ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاڭ چىڭلى، لىيۇ چىباۋ، پابالا گېلىيېلاڭجيې، دۇڭ جيەنخۇا، ۋەن گاڭ، خې خوۋخۇا، لۇ جەنگۇڭ، ۋاڭ جېڭۋېي، ما بياۋ، چېن شياۋگۇاڭ، لياڭ جېنيىڭ، شيا باۋلۇڭ، ياڭ چۇەنتاڭ، لى بىن، باتېر، ۋاڭ يۇڭچىڭ، خې لىفېڭ، سۇ خۇي، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، لىيۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ، گاۋ يۈنلۇڭ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئەزا 2159، ئەمەلىي قاتناشقىنى 2106 بولۇپ، بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە، جاڭ چىڭلى يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ قارارلىرى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

ۋاڭ ياڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى چىڭ ئىگىلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل، تولۇق ئادا قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ خىزمەت ئۇنۇم - ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، «13 - بەش يىل»دىكى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىدا يېڭى قىياپەتنى نامايان قىلىپ، مەركىزىي ۋەزىپىگە مۇلازىمەت قىلىشتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئالاھىدە يىلدا ئالاھىدە «ئەزالار تاپشۇرۇقى»نى ئىشلىدى.

ۋاڭ ياڭ ئۆتكەن بىر يىللىق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى بەش جەھەتتىن خۇلاسىلىدى. بىرىنچى، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەزالار كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى**



3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى، ۋاڭ ياڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى**

## گۈللىنىش ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، جاسارەت بىلەن ئۇلۇغ مۇساپىگە ئاتلىنايلى

### —— 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

زېمىننى باھار تۈسى قاپلاپ، بارلىق شەيئىلەر بەس - بەستە ئويغاندى. بۈگۈن ھەممە كىشى دىققەت قىلىۋاتقان 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ئېچىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3000غا يېقىن ۋەكىلى بېيجىڭغا جەم بولۇپ، «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پىلانلىدى. بىز يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەندە، باتۇرلۇق - قەيسەرلىك ئاندىن نامايان بولىدۇ، ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن. 2020 - يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىدى، يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلدى، كەلكۈن - ھۆلچىلىككە تاقابىل تۇردى، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزدى، ئىشىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى، دۇنيادا ئالدى بىلەن يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى تىزگىنلەپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە ئالدى بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، تۆرلۈك ئىشلاردا يېڭى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

### چېن چۈەنگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىغا سايلاندى　شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىغا سايلاندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يىغىننىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرۇشلۇق ئورنىدا ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق يىغىندا چېن چۈەنگو شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىغا، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىغا سايلاندى.

يىغىندا 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپ ئىسىملىكى لايىھەسى، يىغىن قارالمىلىرى لايىھەسى قاراپ چىقىلدى، يىغىن كاتىبات باشقارمىسى ئالدىنقى كۈنلىرى ئاچقان ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى چاقىرغۇچىلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى پۈتۈن پارتىيىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دا ئېچىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دا خەلق سارىيىدا ئېچىلىدۇ، يىغىندا گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، گوۋۇيۈەننىڭ 2020 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ھەم 2021 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، گوۋۇيۈەننىڭ 2020 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## يارايسىز لاچىن بايەكە!

ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ ئېيتقانلىرى

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ شياڭ**

ئۇ ۋەتەننى قوغداپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلدى، سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىدى، ئۇ بۇنىڭدىن ئۆكۈنمىدى؛ ئۇ مۇز تۇتقان كۆلدە ئادەم قۇتقۇزۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ھەققانىيەت يولىدىن قايتمىدى. 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى پۈتۈن جەمئىيەتكە يولداش لاچىن بايەكەنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا «دەۋر نەمۇنىچىسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش ۋارىسلىق قىلىش، ئەڭ ياخشى تەسەللى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئېچىلىۋاتقان پەيتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)